## 5410 ـ بىر يېڭى مۇسۇلمانغا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش قىيىن كېلىۋاتىدۇ

### سۇئال

مەن ئىنگىلىز تىلىدا سۆزلەيمەن ( ھەمدە ئۇ مىنىڭ ئانا تىلىم) ھەمدە مەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە ئۇرۇنىۋاتىمەن . مەن فاتىھە سۈرىسىنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆگەنگەن . لېكىن بەزى ھەرپلەر بار ، ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلالمايمەن ۋە بەزىلىرى بار ، ئۇلارنى خاتا تەلەپپۇز قىلىمەن . مەن فىقھى كىتاپلىرىنىڭ بىرىدە فاتىھەنىڭ ھەرپلىرىدە خاتالىشىش ئۇنىڭ نامىزىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ دەپ ئوقۇغان . ھەمدە مەن قىرائىتىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىر قىسىم لىنتىغا ئېلىنغان قىرائەتلەرنى تىڭشاشقا تىرىشىۋاتىمەن . بىراق يەنىلا خاتالىشىۋاتىمەن ھەمدە قىرائىتىمنىڭ قانچىلىك ناچارلىقى ھەققىدە ئويلىنىمەن . قىرائەت قىلىش جەريانىدا ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇزىنى توغرىلاش ئۈچۈن كۆپ توختايمەن ھەمدە كۆپ ھاللاردا فاتىھەنى بىر قېتىمدىن كۆپ تەكرارلايمەن . شۇڭا مەن نىمە قىلىشىم كېرەك ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

1– ئالىملارنىڭ توغرا سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا ، فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش نامازدىكى بىر ئەركان بولۇپ ، ئۇنى ئوقۇش ئىمام ، ئەگەشكۈچى ،ۋە يالغۇز ئوقۇغۇچىغا ۋاجىپ .

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىنىدىكى ، پەيغەمبەر( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) : كىمكى بىر ناماز ئۆتەپ ، ئۇنىڭدا قۇرئان ئانىسىنى ئوقۇمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ (ناماز) كەمتۈك دەپ ئۈچ قېتىم دىدى . شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرىگە : " بىز ئىمامنىڭ كەينىدە بولساقچۇ؟ " دىيىلدى . ئۇ : " ئۇنى ئىچىڭدە ئوقۇغىن . چۈنكى مەن ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : « ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دىدى : نامازنى مىنىڭ بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدا تەڭ ئىككىگە بۆلدۈم . ھەمدە بەندەمگە ئۇ سورىغان نەرسە بار بولىدۇ . شۇڭا بەندە: الحمد لله رب العالمين ( مەدھىيە دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا بولسۇن ) دىسە ، ئۇلۇغ ئاللاھ : بەندەم مىنى مەدھىيلىدى ، دەيدۇ . ھەمدە ئۇ : الرحمن الرحيم ( مېھرىبان ، رەھىملىك) دىسە ، ئاللاھ : بەندەم مىنى تەرپىلىدى ، دەيدۇ . ھەمدە ئۇ : مالك يوم الدين ( قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىدارى ) دىسە ، ئۇ : بەندەم شان_شەرىپىمنى كۆتۈردى ، يەنە بىر قېتىمدا : بەندەم ماڭا ئەل بولدى ، دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : إياك نعبد وإياك نستعين (ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ھەمدە سەندىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمىز ) دىسە ، ئۇ : بۇ بولسا مىنىڭ بىلەن بەندەمنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ ھەمدە بەندەمگە سورىغان نەرسىسى بار بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : اهدنا الصراط المستقيم . صراط الذين أنعمت عليهم غير المغضوب عليهم ولا الضالين ( بىزنى تۈز يولغا يېتەكلىگىن . غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ، ياكى ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس ، سەن نېئمەت بەرگەنلەرنىڭ يولىغا (يېتەكلىگىن ) .) دىسە ، ئۇ : بۇ بولسا بەندەم ئۈچۈن ، ھەمدە

بەندەمگە سورىغان نەرسىسى بار بولىدۇ ، دەيدۇ . » " .

[ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 395 ]

ھەمدە نامازخان ئۇنى ئەرەب تىلى بىلەن توغرا يۇسۇندا ئوقۇشى لازىم ، چۈنكى بىز قۇرئاننى ئۇنىڭ چۈشكەن ھالىتىدە ئوقۇشقا بۇيرۇلغان .

2- تىلىدا كەمتۈكلۈك بولغانلىقتىن ، ياكى غەيرى ئەرەب بولغانلىقتىن ئۇنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايدىغان كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەلەپپۇزنى توغرىلاشنى ئۆگىنىشى لازىم .

ئەگەر قىلالمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ ، چۈنكى ئاللاھ كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تاقىتىدىن سىرتتنى بۇيرىمايدۇ .

ئاللاھ مۇنداق دىگەن :

ئاللاھ كىشىگە پەقەت ئۇنىڭ تاقىتى دائىرىسىدىكىنىلا بۇيرىيدۇ .

[ بەقەرە( ئىنەك) : 286 ]

3- فاتىھەنى ئوقۇشتىن پۈتۈنلەي ئاجىز كەلگەن ، ياكى ئۇنى ئۆگىنىشتىن ئاجىز كەلگەن ياكى ئۇ ئەمدى مۇسۇلمان بولغان ھەمدە ناماز ۋاقتى كىرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇنى ئۆگىنىشكە يېتەرلىك ۋاقىت يوق كىشى بولسا ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھەدىيستىكى چىقىش يولى بار :

نەقىل قىلىندىكى ، ئابدۇللاھ بىن ئەۋفا مۇنداق دىگەن : " بىر كىشى پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) قېشىغا كىلىپ : ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، ماڭا قۇرئاندىن ماڭا يېتەرلىك بولىدىغان بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويغىن ، چۈنكى مەن ئوقۇيالمايمەن . " دىدى . ئۇ : سەن : " سۇبھانەللاھ ، ۋەل ھەمدۇ لىللاھ ، ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ۋاللاھۇ ئەكبەر ، ۋە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ " دىگىن ، دىدى . ئۇ كىشى قولىنى يۇمۇش بىلەن ( كۆپ نەرسىنى ئۆگىنەلمەيدىغانلىقى كۆرسىتىپ ) ئىشارە قىلدى . ھەمدە : " بۇ بولسا پەرۋەردىگارىم ئۈچۈن ، مەن ئۈچۈنچۇ ؟ " دىدى . ئۇ : سەن : " ئاللاھۇممە ئىغفىرلي ، ۋەرھەمنىي ، ۋەھدىنىي ، ۋەرزۇقنىي ، ۋە ئافىنىي " دىگىن دىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قولىنى يۇمۇش بىلەن ئىشارە قىلدى ھەمدە ئورنىدىن تۇردى ".

[ نەسائىي ( 924) ، ئەبۇ داۋۇد( 832) نەقىل قىلغان. ئۇنىڭ ئىسنادى مۇنزىرىي تەرىپىدىن " تەرغىيب ۋە تەرھىيب" تا بەلەن دەپ تۈرگە ئايرىلغان ، 2430 . ھافىز بىن ھەجەر " تەلخىيس ئەل ھەبىير" دە ئۇنى ياخشى ھەدىيس دەپ كۆرسەتكەن ، 1236 ]

ئىبنۇ قۇددامە ( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) مۇنداق دىگەن :

" ئەگەر بىر كىشى قۇرئاندىن ھېچنىمىنى بىلمىسە ، ھەمدە ناماز ۋاقتى چىقىپ كىتىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆگىنەلمىسە ، ئۇنداقتا ئۇ ": سۇبھانەللاھ ، ۋەل ھەمدۇ لىللاھ ، ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ۋاللاھۇ ئەكبەر ، ۋە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ " دىيىشى كىرەك . چۈنكى ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلدىكى ، بىر كىشى پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)قېشىغا كىلىپ : " مەن قۇرئاندىن ھېچ نەرسىنى ئۆگىنەلمەيۋاتىمەن ، شۇڭا ماڭا يېتەرلىك بولىدىغان بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويغىن ." دىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : سەن : " سۇبھانەللاھ ، ۋەل ھەمدۇ لىللاھ ، ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ۋاللاھۇ ئەكبەر ، ۋە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ " دىگىن ، دىدى . ئۇ : " بۇ بولسا ئاللاھ ئۈچۈن ، مەن ئۈچۈنچۇ ؟ " دىدى . ئۇ : سەن : " ئاللاھۇممە

ئىغفىرلي ، ۋەرھەمني ، ۋەھدىني ، ۋەرزۇقني ، ۋە ئافىني " دەيسەن دىدى .

ھەمدە ئۇنىڭ بۇ ئالدىنقى بەش ئىبارىدىن ئوشۇق دىيىشى لازىم ئەمەس ، چۈنكى پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) پەقەت شۇنىلا دىگەن ، ھەمدە ئۇ ئۇنىدىن كۆپرەكنى سورىغاندا ، ئاندىن ئۇنىڭغا كوپرەك دەپ بەردى .

( ئىبنۇ قۇددامەنىڭ سۆزى تۈگىدى .)

بىراق ئەگەر بىر كىشى فاتىھەنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئوقۇيالايدىغان بولسا ، ئۇ ئاشۇ ئوقۇيالايدىغىنىنى ئوقۇشى لازىم . ھەمدە ئۇ ياخشى ئوقۇيالايدىغىنىنى تەكرار ئوقۇشى ( يەنى ، ئۇنىڭ ئوقۇيالايدىغىنىنىڭ جەمئي سانى فاتىھەنىڭ ئايەتلىرىنىڭ سانىغا تەڭ يەتتە ئايەت بولغۇچە ) لازىم .

ئىبنۇ قۇددامە مۇنداق دىگەن :

ئۇنىڭ " سۇبھانەللاھ ، ۋەل ھەمدۇ لىللاھ ، ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ۋاللاھۇ ئەكبەر ، ۋە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ " دىيىشى يىتەرلىك ، چۈنكى پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : قۇرئاندىن نىمىنى بىلسەڭ ، شۇنى ئوقۇ ، ئۇنداق بولمىسا ، ئاللاھنى مەدھىيلە ، ئۇنىڭ بىرلىكىنى جاكارلىغىن ھەمدە ئۇنى ئۇلۇغلىغىن . [ ئەبۇ داۋۇد نەقىل قىلغان .]

" المغني " ( 1 / 289 ، 290 )

سىزنىڭ ئەگەر نامازخان فاتىھەنىڭ بىر ھەرپىنى خاتا تەلەپپۇز قىلسا ، نامازنىڭ بىكار بولۇپ كىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئوقۇغىنىڭىز ھەممىگە ئومۇم ئەمەس . فاتىھەدىكى ھەر قانداق بىر خاتالىق نامازنى بىكار قىلمايدۇ ؛ بەلكى فاتىھەدىن مەلۇم نەرسە چۈشۈرلۈپ قويۇلمىسىلا ، ياكى تەلەپپۇز مەنىسىنى بۇزىۋىتىدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتمىسىلا ئۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نامىزنىڭ بىكار بولۇپ كىتىشى ھەققىدىكى ھۆكۈم فاتىھەنى توغرا ئوقۇيالايدىغان ياكى ئۇنى ئۆگىنەلەيدىغان لىكىن قىلمايدىغانلارغا قارىتىلغان .

ئۇنداق قىلالمايدىغانلارغا كەلسەك ، ئۇلار ئۇنى قۇربىنىڭ يىتىشىچە ئوقۇيدۇ ، ھەمدە ئۇ ئۇلارغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ ، چۈنكى ئاللاھ كىشىگە ئۇنىڭ تاقىتىنىڭ سىرتىدىن بۇيرىمايدۇ . ئالىملار تەرىپىدىن قارار قىلىنغان ئاساسىي پىرىنسىپلارنىڭ بىرى بولسا ئاجىزلىق بىلەن ۋاجىب يوق .

المغني (2/154) كە قاراڭ .

ھەمدە بۇ ھالەتتە ئۇ كۈچىنىڭ يىتىشىچە فاتىھەنى ئوقۇشى ئاندىن ئۇنىڭغا قوشۇپ " سۇبھانەللاھ ، ۋەل ھەمدۇ لىللاھ ، ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھ ، ۋاللاھۇ ئەكبەر ، ۋە لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ " دىيىشى لازىم ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇ فاتىھەدىن كەم قويغانلىرىنى تولۇقلايدۇ . المجموع (3/375) . كە قاراڭ .

ھەمدە ئىسلام پىشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيەدىن( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم–شەپقەت قىلسۇن) مۇنداق دەپ سورالغان :

" فاتىھەنى خاتا تەلەپپۇز قىلىدىغان بىرسىنىڭ نامىزى بىكار بولامدۇ –يوق ؟ "

ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن :

" ئەگەر بىر كىشى فاتىھەنى مەنىسىنى بۇزىۋەتمەيدىغان دەرىجىدە خاتا تەلەپپۇز قىلسا ، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس بولىدۇ ، مەيلى ئۇ

ئىمام بولسۇن ياكى يالغۇز نامازخان بولسۇن .

بىراق مەنىسىنى بۇرۇقتىدىغان خاتا تەلەپپۇز قىلىشقا كەلسەك ، ئەگەر كىشى ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلسە ،مەسىلەن ، ئەگەر ئۇ : صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتُ عَلَيْهِمْ يەنى ،" ئەنئەمتە" نى " ئەنئەمتۇ دىسە ھەمدە ئۇ بۇ ئالماشنىڭ بىرىنچى شەخستە ئىكەنلىكىنى بىلسە ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس ئەمەس . ھەمدە ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ مەنەنى بۇرۇقتىدىغانلىقىنى بىلمىسە ھەمدە بۇ ئالماش ئىككىنچى شەخىس بىرلىك دەپ ئويلىغان بولسا ، ئۇنداقتا بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ ھەرخىل قارىشى بار . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ . "

مجموع الفتاوى (22/443) .

ھەمدە يەنە نامازدا زىبەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىغان سۆزنى زىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ھەققىدە سورالدى .

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى :

ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىنى بىلسە ھەمدە ئۇنى قەستەن قىلسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نامىزى بىكار بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ نامىزىنى ئويناۋاتىدۇ . لىكىن ئۇ ئۇنى بىلمىسە ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ نامىزى ئالىملارنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىگە ئاساسلانغاندا بىكار بولمايدۇ . "

مجموع الفتاوى (22/444) .

شۇڭا ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان سىڭلىم ، سىز قاتتىق تىرىشىشىڭىز ھەمدە ئۇنى داۋاملىق مەشىق قىلىشىڭىز كىرەك . سىز ئۇنى ئۇنى ياخشى ئوقۇيالايدىغان يەنە بىر مۇسۇلمان ھەمشىرىگە ئوقۇپ كۆرۈش ، لىنتىلاردىكى ياكى رادىئودىكى ماھىر قارىلار ئوقۇغان قىرائەتلەرنى تىڭشاش ئارقىلىق ئۇنى قىلالايسىز .

ئۇ ھەقتە ئەنسىرەش ، غەم قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى ئاللاھ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكىنى بىلىدۇ ، ھەمدە ئۇ كىمنىڭ قاتتىق تىرىشىۋاتقانلىقىنى ھەمدە كۆچ سەرپ قىلىۋاتقىنىنى ، ۋە كىمنىڭ ھورۇن ، بىخۇدلىقىنى بىلىدۇ .

سىز قۇرئان ئوقۇش جەھەتتە بايقىغان قىيىنچىلىق سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىز ۋە ساۋاپلىرىڭىزنى ئاشۇرىدۇ . نەقىل قىلىنىدىكى ، ئائىشە ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دىگەن : " ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىدى : قۇرئان ئوقۇشتا ماھىر كىشى ئىسىل ۋە ئىتائەتمەن پۈتۈكچىلەر( يەنى ، پەرىشتىلەر) بىلەن بىللە بولىدۇ . ھەمدە قۇرئاننى ئوقۇيدىغان ، ھەمدە ئۇ ئۇنىڭغا قىيىن كەلگەنلىكتىن ئۇنى ئوقۇشقا كۆچ سەرىپ قىلىدىغان كىشى ئىككى ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ . " . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 798 ]

نەۋەۋىي ( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) مۇنداق دىگەن :

" ئۇنى ئوقۇشقا كۆچ سەرپ قىلىدىغان كىشى بولسا ئۇنى ياخشى يادلىيالمىغانلىقتىن قىرائىتىدە دۇدۇقلايدىغان كىشى . ئۇ ئىككى ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ : ئۇنى ئوقۇغانلىقىغا ئەجىر ھەمدە ئۇنى ئوقۇشقا كۆچ سەرپ قىلغىنىغا ئەجىر . "

ئايەتلەرنى بىر قىتىمدىن ئوشۇق تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى بۇ بولسا پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) قىلغان ياكى ئۆگەتكەن نىمە ئەمەس . بەلكى ئۇ ۋەسۋەسىگە ئىشىك ئاچىدۇ ، نامازنى كىمەيتىۋىتىدۇ ، دىققىتىنى چاچىدۇ ، ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئويلاشتىن قويىدۇ ، ھەمدە شەيتاننى خۇش قىلىدۇ . چۈنكى ئۇ ئۇنىڭدىن نامازخاننىڭ ئاخىرى ناماز ئوقۇشتىن ۋاز كىچىشى ئۈچۈن ئۇنى قىيناشقا يول تاپالايدۇ . بىراق ئاللاھ ئەڭ مىھرىبان ۋە

رەھىملىك ، ھەمدە ئۇ بىزگە ئۆزىمىزدىنمۇ بەكرەك رەھىملىك ، ھەمدە ئۇ بىزگە تاقىتىمىز يەتمەيدىغان نىمىنى ئارتمايدۇ .